# 243216 - دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت سۇغۇرتىسىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

## سوئال

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، بەزى دۆلەتلەر شىركەتلەرنى ئىشچىلارغا سۇغۇرتا قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، شىركەت ھەر بىر ئىشچى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل تۆلەيدۇ. بۇ پۇللارغا ئىجتىمائىي كاپالەت ساندۇقى دەپ ئاتىلىدىغان ئورگان ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. بۇ ساندۇق دۆلەتكە تەۋە بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ ساغلىق سۇغۇرتىسىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەر ئايلىق مائاشىدىن مەلۇم مىقداردا تۇتۇپ قىلىپ مەزكۇر ساندۇققا قويىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شىركەتتە 25 يىل ياكى 30 يىل ئىشلىگەنلەرگە دەم ئېلىشقا چىققاندا پېنسىيە پۇلى بېرىلىدۇ، سۇغۇرتىنىڭ بۇ تۈرلىرى ھالالمۇ ياكى ھاراممۇ؟، ئەگەر سۇغۇرتا قىلىش ياكى قىلماسلىق مېنىڭ ئىختىيارلىقىمدا بولسا، سۇغۇرتا قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئايلىق مۇئاشىمنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلسام بولامدۇ؟، بۇ مەسىلە توغرىسىدا يېزىلغان كىتاب ياكى تەتقىقاتلار بارمۇ؟. بۇ ھەقتە تەپسىلى جاۋاپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## ئىنچام جاۋاپ

دۆلەت ئىگە بولۇپ باشقۇرىدىغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا دۇرۇس بولغان سۇغۇرتا بولۇپ، ئاساسەن ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىيارى بولسۇن ياكى مەجبۇرى بولسۇن بۇ سۇغۇرتىغا قاتناشسا ۋە بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ مەسىلە توغرىسىدا يەنىمۇ زىيادە مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن: دوكتۇر ئەھمەد ئىبنى ھەمەد ئەلۋەنىيسىنىڭ “ئەلئەھكام ئەتتەبئىيە لىئۇقۇد ئەتتەئمىن” ناملىق ئەسىرى، دوكتۇر ئەلى مۇھيىددىن ئەلقۇرە داغىنىڭ “ئەتتەئمىن ئەتتەكاپۇلىل ئىسلامى” ناملىق ئەسىرى، دوكتۇر سالىھ ئەلى ۋە دوكتۇر سەمىيھ ئەلھەسەنىنىڭ: “مەئالىم ئەتتەئمىن ئەلئىسلامى” ناملىق ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىجتىمائىي كاپالەت سۇغۇرتىسى: بۇ تۈردىكى سۇغۇرتا دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، پايدىنى مەقسەت قىلماستىن باشقۇرىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا شىركەت ۋە دۆلەت كارخانىچىلار مەبلەغ سالىدۇ، بىكىتىلگەن شەرتلەر

ئەمەللەشكەندە شىركەت تۆلەمگە ئىرىشىدۇ.

بۇنىڭ شەكىللىرى كۆپ بولۇپ:

1-ئىجتىمائى كاپالەت: ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىدىن مەلۇم مىقداردا تۇتۇپ قىلىش بەدىلىگە، ئىشچىلار كېسەل ياكى مېيىپ بولۇپ قالسا، ئاجىزلىشىپ ياكى دەم ئېلىشقا چىقىش يېشىغا يەتسە ئۇلارغا تۆلەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2- دەم ئېلىشقا چىقىش تۈزۈمى: ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىدىن مەلۇم مىقداردا تۇتۇپ قىلىش بەدىلىگە، ئۇلار مەلۇم مۇددەت خىزمەت قىلغاندىن كېيىن ياكى مەلۇم ياش ئۆلچىمىگە يەتكەندىن كېيىن دۆلەت ئۇلارغا ئايلىق ئىش ھەققى بېكىتىپ بېرىدۇ.

3- سالامەتلىك سۇغۇرتىسى: ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىدىن مەلۇم مىقداردا تۇتۇپ قىلىش بەدىلىگە ئىشچىلار كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇلارنى ھەقسىز داۋالاشقا دۆلەت ئىگە بولىدۇ.

4-ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى: بەزى دۆلەتلەردە ئىشسىزلىق نىسبىتى ئېشىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئىشچىلار مۇناسىپ خىزمەت تېپىپ بولغىچە ئۇلارغا مەلۇم مىقداردا ئايلىق بېرىدۇ. شۇنىڭدەك مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلىسىگە تۆلەم بېرىش ياكى خىزمەت جەريانىدا كېسەل بولغان ياكى زەخىملەنگەنلەرگە تۆلەم بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىجتىمائى سۇغۇرتىسى: "ئىجتىمائي كاپالەت قارىشى بويىچە ھۈنەر-كەسپىگە تايىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان كىشىلەرنى بەزى خەتەرلەرگە ئۇچراپ، كېسەللىك، ياشانغانلىق ۋە ئىشسىزلىق سەۋەبىدىن  كەسىپ قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ۋاقىتدا تۆلەم بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تۈردىكى سۇغۇرتا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ھۆكۈمەت تەرەپتىن مەجبۇرى شەكىلدە بولىدۇ. بۇنى ئىشچى، شىركەت ۋە ھۆكۈمەت ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ. سۇغۇرتا قىلغۇچىغا بېرىدىغان تۆلەمنىڭ كۆپ قىسمىنى دائىم ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ تۈردىكى سۇغۇرتا دۆلەتنىڭ ئومۇمى سىياسىتىنىڭ نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ، دۆلەت بۇنىڭ پىراگراممىسىنى تۈزىدۇ ۋە دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت تەرەپ سۇغۇرتا قىلغۇچى بولىدۇ.

بۇ تۈرنىڭ شەكىللىرى: دەم ئېلىش سۇغۇرتىسى، ئىجتىمائى سۇغۇرتا، سالامەتلىك سۇغۇرتىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر." ["ئۆلىمالار ھەيئىتى تەتقىقاتى" 4-توم 45-بەتتىن ئېلىندى].

ئىككىنچى: دۆلەت ئىگە بولۇپ، باشقۇرۇپ تۇرغان سۇغۇرتىغا قاتناشسا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانسا بولىدۇ، بۇنىڭ يوللىرى:

1-ئىجتىمائى سۇغۇرتىدىن ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەققىدىن پايدىلىنىش مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ پايدىسى مۇشۇ تۈزۈم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قايتىدۇ.

بۇ تىجارى سۇغۇرتىنىڭ ئەكسى بولۇپ، تىجارى سۇغۇرتىدا پەقەت پايدا-مەنپەئەت ئاساسى مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدا پايدىغا ئېرىشىدىغانلار ئاساسەن سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئەزالىرى بولىدۇ.

سۇغۇرتا توغرىسىدا ئۆلىمالار ھەيئىتى تەتقىقاتىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: "ئىجتىمائى سۇغۇرتا بىلەن يەككە سۇغۇرتىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق، يەككە سۇغۇرتا بىلەن دۆلەتنىڭ ئالاقىسى يوق، پايدا-زىيانغا شەخسلەر ئىگە بولىدۇ".

ئىجتىمائى سۇغۇرتادا، تىجارەت ئەمەس بەلكى ھەمكارلىق ئاساس قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر ئۇنىڭ دۇرۇسلىقىغا شەك پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

يەككە سۇغۇرتىدا شەرئى يولنىڭ غەيرىدىكى تىجارەت مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرى جازانە، ئالدامچىلىق ۋە قىماردىن خالى بولمايدۇ." ["ئۆلىمالار ھەيئىتى تەتقىقاتى" 4 -توم 305-بەتتىن ئېلىندى].

دوكتۇر ئەلى ئەھمەد سالۇس مۇنداق دەيدۇ: "ئىجتىمائى سۇغۇرتا: تىجارى سۇغۇرتا دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، مەلۇم خەتەر چىقىپ قىلىش ئەندىشىسى بولمايدۇ، شۇنداقلا مەلۇم شەخسكە خاس بولغان سۇغۇرتا ئەمەس، بەلكى ئومۇمى سۇغۇرتا بولۇپ، ئاساسى غايە پايدا ئىلىش ئەمەس بەلكى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ياردەم بېرىش نىشان قىلىنىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ سانى مىليونغا يېتىپ قالىدۇ، بۇ خۇددى، دۆلەتنىڭ ئۆز پۇخرالىرىدىن بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە سۇغۇرتا قىلىشىغا ئوخشايدۇ، بۇ دەم ئىلىش تۈزىمى ياكى مائاش تۈزىمى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بىلىنىدۇ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىدىن مەلۇم مىقداردا تۇتۇپ قالىدۇ، ئۇلار دەم ئىلىش يېشىغا يەتكەندە ياكى مەلۇم تۇرمۇش سەۋىيسىگە يەتكەندە ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئايلىق مائاش بېكىتىپ بېرىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىقتىسادى ياردەم بېرىدۇ، بۇ ئىجتىمائى سۇغۇرتا ۋە سالامەتلىك سۇغۇرتىسى دەپ بىلىنىدۇ". ["يېڭى دەۋىر پىقھى مەسىلىلىرى ۋە ئىسلام ئىقتىسادى تونۇلانمىسى" ناملىق ئەسەر 372 –بەت].

2-ئىجتىمائى سۇغۇرتا: دۆلەتنىڭ ئۆز پۇخرالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلار كېسەللىك، ياشانغانلىق ۋە خىزمەت قىلالماسلىقتەك ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىسى تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشىدۇ، خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدۇ.

دوكتۇر ۋەھبەتىز زۇھەيلى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىجتىمائى كاپالەت سۇغۇرتىسى: شۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ھۆكۈمەت ياكى تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش ساندۇقى ۋە سۇغۇرتا شىركەتلىرى تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، مېنىڭ قارىشىمدا بۇنىڭ ھەممىسى دۇرۇس، چۈنكى دۆلەتنىڭ ئۆز پۇخرالىرى كېسەللىك، ياشانغانلىق سەۋەبىدىن شۇنىڭدەك ھۈنەر-كەسىپ قىلىشتىن قېلىپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيتى بولىدۇ." ["پىقھىل ئىسلامى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى" 5-توم 116-بەت].

بەزى ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئالغان سۇغۇرتىدىن كۆپ نەرسىلەرنى بېرىشى جازانە بولمايدۇ، ئالدامچىلىقنىڭ قاتارىغىمۇ كىرمەيدۇ، بەلكى ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيتى، ھەقىقەتەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھۆكۈمەت بىلەن بىرگە مەلۇم مىقداردا ئايلىق ياكى يىللىق پاي قوشتى.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "دەم ئېلىشقا چىققاندا بېرىلىدىغان پۇلدا شەك يوق، چۈنكى ئۇ پۇل بىز جازانىنىڭ شۈبھىسى بار دەپ قارايدىغان مەلۇم شەخس بىلەن شەخسنىڭ ئارىسىدىكى مۇئامىلە بولماستىن بەلكى ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدىغان پۇل بولۇپ، شەك-شۈبھىسىز دەم ئېلىشقا چىققۇچى ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن ئېلىشقا ھەقلىق بولغان پۇلدۇر." ["ئايلىق ئۈچرىشىش" 58-سان 28-بەت].

دوكتۇر ۋەھبەتۇز زۇھەيلى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "دۆلەتنىڭ ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قالىدىغان باج ياكى ئىش ئىگىلىرى ئىجتىمائى سۇغۇرتىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بېرىدىغان ئايلىق تەمىنات ياكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشقا چىققاندا ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا بولغاندا ئومۇمى تۆلەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارىلىقى بىلەن بېرىدىغان يىللىق مەلۇم نىسبەتتىكى مەبلەغلىرىگە قارالمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە جازانە مۇئامىلىسىگە قارىغاندەك قارالمايدۇ، ئەگەر ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزى بەرگەندىن كۆپرەك ھەق ئالغان بولسا ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا بېرىلگىنى دۆلەت تەرەپتىن قۇرۇلغان ئىجتىمائى سۇغۇرتا شىركىتى ياكى ئۇلار ئورتاق بولغان دەم ئېلىشقا چىققانلارغا تۆلەم بېرىش ساندۇقىدىن ئىئانا ياكى سوۋغا ياكى ياردەم ھېسابىدا بېرىلگەن ھەق ھېسابلىنىدۇ." ["پىقھىل ئىسلامى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى" 5-توم 116-بەت].

3-ئىجتىمائى سۇغۇرتا: ئۆلىمالار دۇرۇس دەپ قارىغان ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئىشچى-خىزمەتچى بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى ئالاقە بىر-بىرىدىن ھەق ئېلىش ۋە پايدا ئېلىش ئەمەس بەلكى بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش ۋە ئىگە بولۇش ئاساسىدا بولىدۇ. ئىجتىمائى سۇغۇرتىدىن بولغان مەقسەت: جەمئىيەت ئۈچۈن ئومۇمى مەنپەئەتنى روياپقا چىقىرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سۇغۇرتا قىلغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئاساس قىلىدىغان چەكلەنگەن تىجارى سۇغۇرتاغا تامامەن ئوخشمايدۇ.

دوكتۇر يۈسۈپ شۈبەيلى مۇنداق دەيدۇ: "ئىجتىمائى سۇغۇرتا: ئەمەلىيەتتە ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىش مەقسەت قىلىنمايدۇ، بۇنى دۆلەت ياكى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا قۇرۇلغان ئومۇمى شىركەت باشقۇرىدۇ، بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت ئىشچى-خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلالمايدىغان مەلۇم ياشقا يەتكەندە، ئۇلارغا ياردەم بېرىش بولۇپ، بۇ ھەقىقەتتە ئىگە بولۇش ۋە ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ تىجارى سۇغۇرتا ئەمەس". ["ھازىرقى دەۋر پاي چېكى ۋە مالىيە مۇئامىلات" ناملىق ئەسەر 6-توم 12-بەت].

4-يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قاراشلار ھازىرقى دەۋرىدىكى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇ قاراشقا ئاز بىر قىسىم ئۆلىمالار قېتىلمىغان، ھەتتا بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئۇستاز مۇھەممەد سىددىق ئەددەرىر دېگەن كىشى: "مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قاراشلار بويىچە سالامەتلىك كاپالىتى ۋە ئىجتىمائى كاپالەتنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئىجتىمائى كاپالەت سالامەتلىك كاپالىتىگە تايىنىدۇ. بەزى ئىسلام پىقھى ئاكادىمىيلىرى تەرىپىدىن بۇنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە بۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا چاقىرىش توغرىسىدا قارارلار چىقىرىلدى، دەيدۇ." ["ئىسلام پىقھى ئاكادىمىيىسى ژورنىلى 13-سان 1378-بەتتىن ئېلىندى].

"ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى"نىڭ ھىجرىيە 1385-يىلى مۇھەررەم ئېيىدا مىلادىيە 1965-يىلى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتايىدا مۇنداق قارار قىلىنغان: "ھۆكۈمەتنىڭ مائاش تۈزۈمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بەزى دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائى كاپالەت تۈزۈمى، يەنە بەزى دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائى سۇغۇرتا تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇرۇس بولغان ئىشلاردۇر". ئۇستاز جىزانىينىڭ ["يېڭى پىقھى مەسىلىلەر" ناملىق ئەسەرى 3-توم 266-بەتكە قارالسۇن].

"ئىسلام پىقھى ئاكادېمىيىسىنىڭ" قارارىدا: بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار قارارىنىڭ تېكىستى: دەم ئېلىشقا چىققاندا بېرىلىدىغان مائاش، ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئۆز خەلقىگە مەسئۇل بولۇش ئېتىبارى بىلەن مەسئۇللارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، ئۇلار خىزمەتچىلەرنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىگە ئاساسەن مائاش بېرىشكە كۆڭۈل بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەتچىلەرگە يېقىن بولغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە رائىيە قىلغان ئاساستا بەلگىلىمە بېكىتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ.

دەم ئېلىشقا چىقىش تۈزۈمى دۆلەت بىلەن خىزمەتچى ئارىسىدىكى مالىيە تۆلەم بېرىشنىڭ قاتارىدىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ بىلەن سۇغۇرتانىڭ ئارىسىدا ئوخشاشلىق يوق، سۇغۇرتا دېگەن تىجارەت شەكلىدىكى مالىيە تۆلەم كېلىشىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا سۇغۇرتا شىركەتلىرى پايدا ئېلىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا شەرىئەتتە توغرا بولمىغان يوللار بىلەن ئىش قىلىدۇ، دەم ئېلىشقا چىققاندا بېرىلىدىغان پېنسىيە پۇلى دېگەن، ھۆكۈمەت ئۆز خەلقىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياش ۋاقتىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ياشلىقى، ساقلىقى، جىسمى ، پىكرى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى مىللەتنىڭ گۈللىنىش يولىغا سەرپ قىلغانلىقى ئۈچۈن دەم

ئىلىشقا چىققاندا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن  بېرىلىدىغان ئىقتىسادى ياردەمدىن ئىبارەت." ["ئىسلام پىقھى ئاكادېمىيىسى قارارى"39-بەت. "يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار ھەيئىتى تەتقىقاتى" 4-توم 313-بەت].

خۇلاسە: دۆلەت ئىگە بولۇپ باشقۇرىدىغان ئىجتىمائى سۇغۇرتا دۇرۇس بولغان سۇغۇرتا بولۇپ، ئاساسەن ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىيارى بولسۇن ياكى مەجبۇرى بولسۇن بۇ سۇغۇرتىغا قاتناشسا ۋە بۇنىڭدىن مەپەئەتلەنسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

بۇ مەسىلە توغرىسىدا يەنىمۇ زىيادە مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن: دوكتۇر ئەھمەد ئىبنى ھەمەد ئەلۋەنىيسىنىڭ "ئەلئەھكام ئەتتەبئىيە لىئوقۇد ئەتتەئمىين" ناملىق ئەسىرى، دوكتۇر ئەلى مۇھيىددىن ئەلقۇرە داغىنىڭ "ئەتتەئمىين ئەتتەكاپۇلىل ئىسلامى" ناملىق ئەسىرى،  دوكتۇر سالىھ ئەلى ۋە دوكتۇر سەمىيھ ئەلھەسەنىنىڭ: "مەئالىم ئەتتەئمىين ئەلئىسلامى" ناملىق ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.